# ئاللاھنى يادئىتىپ زىكىر ئېيتىشنىڭ

# پەزىلىتى ۋە پايدىلىرى توغرىسىدا

[ئۇيغۇرچە]

## الذكر فضائله وفوائده

[باللغة الأويغورية]


خاتىب :شەيخ ئابدۇلبارى سۇبەيتى

الخطيب: الشيخ عبدالباري الثبيتي

تەرجىمە قىلغۇچى: سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

المترجم: سيف الدين أبو عبد العزيز

تەكشۈرۈپ بىكىتكۈچى: ن. تەمكىنى

المراجعة: ن. تمكيني



رىياد شەھرى رەبۋە رايونى دىن تەشۋىقات ھەمكارلىق مەركىزى

المكتب التعاوني للدعوة وتوعية الجاليات بالربوة بمدينة الرياض

1429 – 2008

islamhouse.com

# ئاللاھنى يادئىتىپ زىكىر ئېيتىشنىڭ پەزىلىتى ۋە پايدىلىرى توغرىسىدا

1429/6/9ھـ / 2008ـيىلى6ـئاينىڭ 13ـكۈنىدىكى جۇمە خۇتبىسى

## بىرىنچى خۇتبە

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

بارلىق ماختاشلار مەرتىۋىسى ئالى، كۈچ ـ قۇۋۋەتتە تەڭداشسىز، ھەرقانداق ئەھۋالدا بەندىلەرنىڭ ئاشكارا ـ يوشۇرۇن ئىشلىرىنى بىلىپ تۇرىدىغان قۇدرەتلىك ئاللاھقا خاستۇر. ئاللاھنى ماختايمەن، ھەممىدىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن ۋە بىزگە بەرگەن چەكسىز نېئمەتلىرىگە شۈكرى ئېيتىمەن، دائىم ئاللاھنى ياد ئىتىپ، يەككە ـ يىگانە ھىچ شېرىكى يوق دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن، كائىناتتىكى بارلىق جانلىقلارغا ياخشىلىق ۋە رەھمەت بىلەن ئېۋەتىلگەن يول باشچىمىز ۋە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئائىلە ـ تاۋاباتلىرىگە، ساھابىلىرىگە ۋە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە بۇلۇتلاردىن يامغۇر تامچىلىغاندەك ئاللاھنىڭ دائىملىق رەھمەت ـ سالاملىرى بولسۇن.

ئۆزۈمنى ۋە سىلەرنى ئاللاھقا تەقۋا بولۇشقا تەۋسىيە قىلىمەن، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:« ئى مۆمىنلەر! الله قا لايىق رەۋىشتە تەقۋادارلىق قىلىڭلار،پەقەت مۇسۇلمانلىق ھالىتىڭلار بىلەنلا ۋاپات بولۇڭلار». ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:« ئى مۆمىنلەر!

اﷲنى كوپ ياد ئېتىڭلار، ئەتتىگەن ـ ئاخشام تەرەپلەردە ئاللاھقا كوپ ئىبادەت قىلىڭلار».

مۇسۇلمان دېگەن، ئاللاھنىڭ ھۆزۈرىدا ئۆزىنىڭ شان ـ شەرىپىنى ئالى قىلىش، نەپسىنى پاكلاش ئۈچۈن دائىم ئاللاھنى ياد ئېتىپ تۇرىدۇ. ئاللاھنى يادئېتىش بولسا ئىنسان قەلبىنى يورۇتىدىغان نۇرلۇق چىراق. ئەگەر ئىنسان ئاللاھنى ياد ئەتمەيدىكەن ئىنسان بەدىنى قەلبكە نىسبەتەن قاراڭغۇ ـ زۇلمەتلىك قەبرگە ئوخشاپ قالىدۇ. ئاللاھنىڭ زىكرى داتلىشىپ كەتكەن قەلبلەرنىڭ شىپالىق دورىسى، ئاپەتلەردىن مۇداپىئە قىلىدىغان، قىيىنچىلىق، غەم ـ قايغۇلارنى يېنىكلىتىدىغان سېھىرلىك كۈچ. ئاللاھنى ياد ئېتىش، ئىنسانلارنىڭ بېشىغا بالا ـ قازا، مۇسىبەت چۈشكەندە قوغدىلىنىدىغان قورغىنى، ئۆز بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن تىجارەت قىلىدىغان ئاساسلىق سەرمايىسى، غەمكىن قەلبنى شات ـ خورام قىلىپ خۇرسەنلىك بىلەن سۇغۇرىدىغان سائادەت بۇلىقى. ئاللاھنى يادئېتىش ئىنساننى تەمكىنلىككە يېتەكلەپ، تىلنى راۋانلاشتۇرۇپ، قاراڭغۇ ـ زۇلمەتتە ھەقىقەتنى كۆرىدىغان كۆزلەرنى ئاتا قىلىدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتكە قارىغۇچىلارنىڭ قەلب كۆزلىرىنى روشەنلەشتۈرگەندەك كوپ زىكىر ئېتقۇچىلارنىڭ تىلىنى گۈزەللەشتۈرىدۇ.

ھەسەن ئەلبەسري(ئاللاھ ئۇ كىشىگە رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دېگەن: ھەقىقى لەززەت ئۈچ خىل ئىشتا تېپىلىدۇ، نامازدا، ئاللاھنى ياد ئېتىشتە ۋە قۇرئان ئوقۇشتا ئەگەر بۇنىڭدىن لەززەت تاپالمىغان قەلب تاشلاندۇق قەلب ھېساپلىنىدۇ.

مالىك ئىبنى دىينار(ئاللاھ ئۇكىشىگە رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دېگەن: ھېچ كىشى ھاياتتا، ئاللاھنى ياد ئەتكۈچىلەر زىكىر بىلەن لەززەتلەنگەندەك لەززەتلەنمەيدۇ.

ئەمەل ـ ئىبادەتلەر ئىچىدە؛ ئاللاھنى ياد ئېتىشتىنمۇ بەك لەززەتلىك، يەڭگىل، ئاسان ھەم كوپ قىلغىلى بولىدىغان ئىبادەت يوقتۇر.

ئاللاھنى ياد ئەتكۈچىلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بولۇپ ئاللاھنى يادئېتىشتىن ھەرگىز سۇسلىشىپ قالمايتتى،

ئىبادەتلەردىن بوشۇشۇپ قالمايتتى، ئاللاھنى ئەسلىگەن ـ ياد ئەتكەن ۋاقىتتا تەنلىرى جۇغۇلداپ، يۈرىگى تىترەپ، قەلبى يۇمشاپ كىتەتتى.

ئىبنى مەسئۇد مۇنداق دىگەن:«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەندىن قۇرئان ئوقۇپ بىرىشنى تەلەپ قىلىۋىدى، مەن تىلاۋەت قىلىۋىتىپ ئاللاھ تائالانىڭ«بىز ھەر بىر ئۈممەتتىن بىر گۇۋاھچىنى كەلتۈرگەن ۋە (ئى مۇھەممەد!)سىنى بۇلارغا (يەنى ئۈممىتىڭ ئىچىدىكى ئىمانسىزلارغا ۋە گۇناھكارلارغا)گۇۋاھچى قىلىپ كەلتۈرگەن چېغىمىزدا ئۇلارنىڭ ھالى قانداق بولىدۇ؟ » دىگەن سوزىگە كەلگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: مۇشۇ ئوقۇغۇنۇڭ يىتەرلىك دىدى. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن بىشىمنى كۆتۈرۈپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارىسام پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلگىلى تۇرۇپتۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانى ئەسلەش ـ زىكىر قىلىشتا كىشىلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسى ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەممە سۆزلىرى، قىلغان ئىش ـ ھەركەتلىرى، باشقىلارنى بۇيرىغان ۋە چەكلىگەن شەرئى بۇيرۇقلىرىمۇ ئاساسەن ئاللاھنى ياد ئىتىشنى ئاساس قىلىدۇ. ئۇنىڭ يۈرۈش ـ تۇرىشى، ئولتۇرۇپ ـ قوپىشى، ساقلىق ۋە ساقسىزلىق ۋاقىتلىرى، رۇكۇ ـ سەجدىلىرى ھەتتا ھەربىر نەپەس ئىلىشىمۇ ئاللاھنى ياد ئىتىشنى ئىپادىلەيتتى. سەھى مۇسلىم ۋە بۇخارىدا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە مۇنداق دىيىلگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر دائىم ئاللاھنى يادئىتىپ زىكىر ئېيتىپ تۇراتتى».

شۇنىڭدەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىمۇ دائىم ئولتۇرغان سورۇنلىرىنى ئاللاھنى زىكىر قىلىش ـ يادئىتىش بىلەن جانلاندۇراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىغان سۈننەتكە مۇۋاپىق زىكىرلەرنى ئېيتىش بىلەن كوزلىرىدىن ياش ئاققۇزاتتى ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتىنى بىلىش ئۇچۇن تىرىشاتتى. ساھابىلاردىن ئىرباز ئىبنى سارىيە، ساھابىلارنىڭ ئولتۇرغان سورۇنلىرىنى سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: «بىزگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋەز ـ نەسىھەت قىلاتتى، ئۇنىڭ نەسىھەتلىرىدىن بىزنىڭ قەلبلىرىمىز تىترەپ كوزلىرىمىزدىن ياش تۆكۈلەتتى».

شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە(ئاللاھ ئۇكىشىگە رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دەيدۇ: سۈننەتكە مۇۋاپىق زىكىرلەرنى ئېيتقاندا يۈزبېرىدىغان ياش تۆكۈش، قەلبنىڭ ئۆرتىنىشى، بەدەننىڭ تىترىشى قاتارلىق ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسى قۇرئاندا بايان قىلىنغان.

بىركىشى ھەسەن ئەلبەسرى(ئاللاھ ئۇكىشىگە رەھمەت قىلسۇن) نىڭ قىشىغا كىلىپ قەلبىنىڭ قاساۋەتلىشىپ كەتكەنلىكىدىن شىكايەت قىلغاندا، ھەسەن ئەلبەسرى: ئۇكىشىگە قەلبىڭنى ئاللاھنى زىكىر قىلىش ـ يادئىتىش بىلەن يۇمشاتقىن دىدى.بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن:«ئىنسان ئاللاھنى زىكىرقىلماي ـ يادئەتمەي بىكار ئۆتكۈزىۋەتكەن ۋاقىتلىرى ئۇچۇن قىيامەت كۈنىدە بەك ھەسرەتلىنىدۇ». تىلنى ھەركەتلەندۈرۈپ، لەۋلىرىنى مىدىرلىتىشنىڭ ئۆزى ئاللاھنى يادئەتكەنلىك ھىساپلانمايدۇ، ھەركەتلەنگەن تىل بىلەن مىدىرلىغان لەۋلەرنىڭ مۇگۈدەپ قالغان قەلبىلەرگە تەسىرى بولمايدىكەن بۇنىڭ ئاللاھ ھوزۇرىدا ھىچ قانداق قىيمىتى بولمايدۇ. ئاللاھنى يادئىتىش ئاجىزلىقنى كۈچ ـ قۇۋۋەتكە، مەغلۇبىيەتنى غەلبىگە، خارلىقنى ئىززەتكە، ئىككىلىنىشنى كەسكىنلىككە ئۆزگەرتىدۇ، ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دىگەن:« (مۇشرىكلار تەرەپدارى بولغان)ئادەملەر ئۇلارغا: شەك ـ شۈبھىسىزكى،كىشىلەر(يەنى قۇرەيشلەر)سىلەرگە قارشى قوشۇن توپلىدى، ئۇلاردىن قورقۇڭلار دېدى. بۇ سۆز ئۇلارنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتتى.ئۇلار:بىزگە الله كۇپايە، الله نېمىدېگەن ياخشى ھامىي! دېدى».

ئىنسان ھەربىر قىيىنچىلىقتا دۇچ كەلگەندە ياكى ئىككىلىنىپ قىلىپ تاللاشنى ئىختىيار قىلغاندا ناماز ئوقۇش ۋە ئاللاھنى يادئىتىشكە يۈزلىنىشى كىرەك. ئاللاھنى ياد ئەتكۈچىلەر ئۆزىنىڭ دائىملىق ئېيتىدىغان زىكىردىن مەلۇم بىر ئۈلۈشنى ئادا قىلالمىغاندا چىكىدىغان ھەسرەت ـ ئەلەملىرى كىسەل كىشىنىڭ كىسەل ۋاختىدا ئۆزىنىڭ تەن ساقلىقى ۋە پۇلدار كىشىنىڭ ماللىرىنى يوقۇتۇپ قويغاندا چىكىدىغان ئەلەملىرىدىن نەچچە ھەسسە زىيادە بولىدۇ. ئىمام تىرمىزى بىلەن ئىمام ئەھمەدنىڭ كىتاپىدا ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت

قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام :« مەن سىلەرگە ئەمەللىرىڭلارنىڭ ياخشىراقى بولغان ۋە رەببىڭلارنىڭ نەزىرىدە پاكىراقى، ئەمەللىرىڭلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ۋە سىلەر ئۇچۇن ئالتۇن- كۈمۈش سەدىقە قىلغاندىنمۇ، دۈشمەنلىرىڭلارغا ئۇچرىشىپ سىلەر ئۇلارنىڭ بويۇنلىرىغا، ئۇلار سىلەرنىڭ بوينۇڭلارغا قىلىچ ئۇرغاندىنمۇ ياخشىراق بولغان ئەمەلدىن خەۋەر بېرەيمۇ؟» دېدى. ساھابىلار: شۇنداق قىلسىلا ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى- دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام :« ئۇ بولسىمۇ الله نى ياد ئېتىش» دېدى. ئابدۇللا ئىبنى بۇسەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، بىر كىشى: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى، ئىسلامدا قىلاي دېسەم ياخشى ئىشلار كۆپ، ماڭا بىر ئەمەلنى ئېيتىپ بەرسىلا، شۇنىڭغىلا ئېسىلاي- دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام :« تىلىڭ ھەمىشە الله نىڭ زىكرى بىلەن نەمدەلسۇن» دېدى.

ئي ئاللاھ! بىزنىڭ سىلىلگە زىكىر ئېيتىشىمىز، شۈكرى ئېيتىشىمىز ۋە گۈزەل رەۋىشتە ئىبادەت قىلىشىمىزغا ياردەم بەرسىلە.

ئاللاھ تائالا ماڭا ۋە سىلەرگە قۇرئان ـ كەرىمنىڭ سەۋەبى بىلەن بەركەت ئاتا قىلسۇن، ھەممەيلەننى ئاڭلىغان ئايەت ـ ھەدىسلەردىن مەنپەئەتلىنىشكە مۇيەسسەر قىلسۇن،ئاللاھتىن مىنىڭ ۋە باشقا بارلىق مۆمىن ـ مۇسۇلمانلارنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈم قىلىشىنى سورايمەن، ھەممىڭلار ئاللاھتىن كەچۈرۈم سوراڭلار. ئاللاھ گۇناھلارنى ئەڭ ياخشى كەچۈرۈم قىلغۇچىدۇر!

## ئىككىنچى خۇتبە

بارلىق گۈزەل ماختاشلار، ياخشىلىقى ئۈمۈت قىلىنىپ ئازاۋىدىن پاناھلىنىدىغان، يوقتىن پەيدا قىلغان، ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلدۈرىدىغان، بەندىلەرنى كەچۈرۈم قىلغۇچى، تەقۋادارلارنى دوست تۇتقۇچى، ئۆزى ئىرادە قىلغان ئىشنى قىلغۇچى ئاللاھقا خاستۇر. ئۇ ئاللاھنى ھەرۋاقىت ماختايمىز ۋە شۈكرى ئېيتىمىز. بۈيۈك، چەكسىز شەرەپ ئىگىسى بولغان ئاللاھدىن ياردەم سورايمىز ۋە دائىم يادئىتىمىز، ھەممىدىن بىھاجەت بولغان ماختالغۇچى ئاللاھقا تۆۋبە قىلىمىز ۋە

كەچۈرۈم تەلەپ قىلىمىز. ئاللاھنى ھېچ شېرىكى يوق، يەككە ـ يىگانە دەپ گۇۋاھلىق بېرىمىز. ئاللاھ خالىغان كىشىنى توغرا يولغا باشلايدۇ ۋە خالىغان كىشىنى توغرا يولدىن يىراقلاشتۇرىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە راستچىل ئىشەنچىلىك ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىمىز.

ئې ئاللاھ !ئۆزلىرىدىن سىلىنىڭ ئەلچىلىرى ۋە بەندىلىرى، بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز موھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ پاك ئائىلە ـ تاۋاباتلىرىگە، بارلىق ئىسىل خىسلەتلىك ساھابىلىرگە، قىيامەتكە قەدەر ئۇلارنىڭ ئىزىدىن ئەگىشىپ ماڭغان كىشىلەرگە رەھمەت ۋە مەغپىرەت تىلەيمىز.

ئۆزۈمنى ۋە سىلەرنى ئاللاھقا تەقۋا بولۇشقا تەۋسىيە قىلىمەن. ئاللاھنى ياد ئەتكۈچىلەر زىكىردىن ئىبارەت قورغاننىڭ ئىچىدە بولىدۇ، ئۇلار ئاللاھنى يادئىتىشتىن غاپىل بولغاندا، بۇ قورغاننىڭ ئىشىگى ئىچىلىپ شەيتاندىن ئىبارەت دۈشمەنلەر ئۇلارغا تەسىر كۆرسىتىشكە، ئۇلارنى سىرتقا سۆرەشكە ئۇرىنىدۇ، ئۇلارنى قوغلاپ چىقىرىش قىيىن بولىدۇ، شەيتانلار سۇقۇنۇپ كىرىپ ئۇلارنى ئازدۇرۇشقا ۋە قەلبلىرىنى كىرلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئىماندىن يىراقلاشتۇرۇشقا ئۇرىنىدۇ. ئاللاھنى ياد ئەتكۈچىلەر ئاللاھنى يادئىتىشكە كىرىشىپ كەتسە، ئۇنىڭ بىلەن بۇلارنىڭ قايغۇ ـ ئەلەملىرى ۋە ھەسرىتى يەڭگىللەيدۇ، قىيىنچىلىقلىرى ئاسانلىشىدۇ. نوئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: « پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: سىلەر زىكىرلىرىڭلاردىكى، بۈيۈك ئاللاھنى پاكلاش، ماختاش، كاتتىلاش ۋە يەككە ـ يىگانە دەپ بىلىشتىن ئىبارەت كەلىمىلەر ئاللاھنىڭ ئەرشى ئەتراپىدا ئايلىنىدۇ، ئۇلاردا ھەرىلەرنىڭ غۇڭۇلدىغىنىدەك سادا بولىدۇ، ئۇلار ئوزلىرىنى دىگەن كىشىلەرنى ئەسلىشىدۇ، سىلەردىن بىرىڭلار ھەرۋاقىت ئوزىنى ئەسلەپ تۇرىدىغان سوزلەرنىڭ بولىشىنى ياخشى كورمەمسىلە!؟» ئىبنى ماجە ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىپ دەيدۇكى:« مەن كۆچەت تىكىۋاتاتتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مىنىڭ يىنىمدىن

ئۆتۈپ كىتىۋېتىپ مۇنداق دېدى:ئي ئەبۇ ھۇرەيرە نىمە تىڭشاۋاتىسەن؟دېدى. مەن: ئۆزۈم ئۇچۇن كۆچەت تىكىۋاتىمەن دېدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: مەن ساڭا بۇنىڭدىنمۇ ياخشى بولغان بىر كۆچەتتىن خەۋەر بېرەيمۇ؟دېدى. مەن بولىدۇ خەۋەر بەرسىلە ئي ئاللاھنىڭ رەسۇلى! دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا مۇنداق دېدى: سەن ئاللاھ پاكتۇر، ئاللاھنى ماختايمەن، ئاللاھدىن باشقا ھېچ ھەق ئىلاھ يوقتۇر ۋە ئاللاھ كاتتىدۇر دىگەن سۆزنى ئېيتساڭ ھەربىر سۆزنىڭ بەدىلىگە سەن ئۇچۇن جەننەتتە بىردىن كۆچەت تىكىلىدۇ». ئىبنى ماجەدە رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس.

ئي ئاللاھ نىڭ بەندىلىرى! ئاللاھ سىلەرنى بىر ئىشقا بۇيرۇپ بۇنى ئالدى بىلەن ئۆزى باشلىدى ئۇ بولسىمۇ: «الله ھەقىقەتەن پەيغەمبەرگە رەھمەت يوللايدۇ(يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا رەھمەت قىلىدۇ،شەنىنى ئۇلۇغ قىلىدۇ،دەرىجىسىنى ئۇستۈن قىلىدۇ) ، پەرىشتىلەرمۇ ھەقىقەتەن(پەيغەمبەرگە)مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ،ئي مۆمىنلەر!سىلەر پەيغەمبەرگە دۇرۇد ئېيتىڭلار ۋە ئامانلىق تىلەڭلار؛ چۈنكى رەسۇلۇللاھنىڭ سىلەرنىڭ ئۇستۇڭلاردىكى ھەققى چوڭدۇر،ئۇ سىلەرنى گۇمراھلىقتىن ھىدايەتكە، زۇلمەتتىن يورۇقلۇققا چىقارغۇچىدۇر».

ئي ئاللاھ ! مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ئائىلە ـ تاۋاباتلىرىغا رەھمەت ۋە مەغپىرەت يىلەيمىز. توغرا يول تۇتقۇچى خەلىپىلەرنىڭ جۈملىسىدىن ئەبۇبەكرى، ئومەر، ئوسمان، ئەلى(ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بارلىق ساھابىلىرى، ئۇلارغا قىيامەتكىچە ئەگەشكەن بارلىق ياخشى كىشىلەردىن رازى بولغىن!

ئي ئاللاھ! بىزدىنمۇ ئۇلار بىلەن بىللە ئۆزۈڭنىڭ رەھمىتىڭ، نېئمىتىڭ ۋە خەيرى ـ ئىھسانىڭ بىلەن رازى بولغىن!

ئي ئاللاھ! ئىسلامنى ۋە مۇسۇلمانلارنى ئىززەتلىك قىلغىن! كاپىرلار ۋە مۇشرىكلارنى خارقىلغىن! سىنىڭ ۋە دىنىڭنىڭ دۇشمەنلىرىنى تارمار

قىلغىن.بىزنىڭ شەھەرلىرىمىزنى ۋە بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ شەھەرلىرىنى تىنىچ ـ پاراۋان خاتىرجەم، باياشات قىلغىن. ئي ئاللاھ ! بىز سەندىن توغرا يول، تەقۋادارلىق، ئىپپەتلىك، هايالىق بولىشىمىزنى ۋە باشقىلاردىن بىهاجەت قىلىشىڭنى سورايمىز. سەندىن ياخشىلىقنىڭ ئاچقۇچىنى، ئۇنىڭ جەۋھىرىنى، تۈگەنچىسىنى، ئەۋۋىلىنى ۋە ئاخىرىنى سورايمىز. جەننەتتە بىزنىڭ دەرىجىمىزنى ئۈستۈن قىلغىن. بىزنى گۈزەل ئەدەپ ـ ئەخلاقلىقا يىتەكلىگىن، ئۇنىڭغا سەندىن باشقا هىچ كىم يىتەكلىيەلمەيدۇ. ناچار ئەخلاقلاردىن ساقلىغىن، ئۇنىڭدىن سەندىن باشقا هىچ كىم ساقلىيالمايدۇ.

ئي ئاللاھ !بىرنىڭ مەنپەئەت ۋە زىيانلىرىمىزدا ياردەمچى بولغىن. بىزگە غەلبە ئاتا قىلغىن، مەغلۇبىيەت بىغىشلىمىغىن. بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن، بۇ يولنى بىزگە ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگىن، بىزگە قارشى تۇرغۇچىلارنى هالاك قىلىش ئارقىلىق بىزگە ياردەم بەرگىن.

ئي ئاللاھ! بىزنى دائىم ساڭا شۈكرى ئېيتىدىغان، يادئېتىدىغان، سىنى سىغىنىدىغان، سىنىڭ تەرىپىڭگە ئىمان بىلەن قايتىدىغان كىشىلەردىن قىلغىن.

ئي ئاللاھ! بىزنىڭ تەۋبىمىزنى قوبۇل قىلغىن، گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، ئىمانىمىزنى مۇستەھكەم قىلغىن. تىلىمىزنى توغرا سۆزلۈك قىلغىن. غەمكىن مۇسۇلمانلارنىڭ هەم ـ قايغۇلىرىنى يىنىكلەتكىن، قىيىنچىلىقلىرىنى ئاسانلاشتۇرغىن، قەرىزگە چۈشۈپ قالغانلارنىڭ قەرزىنى تۆگۈتىۋەتكىن. بىزنىڭ ۋە بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ كىسەللىرىگە شىپالىق بەرگىن، سىنى يەككە ـ يىگانە دەپ پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنى سىنىڭ پەيغەمبىرىڭ دەپ گۇۋاهلىق بىرىپ شۇ هالەتتە ۋاپات بولغان بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ گۇناهىنى مەغپىرەت قىلغىن.

ئى الله! ئۇلارنى مەغپىرەت قىلغىن، ئۇلارغا رەهمەت قىلغىن، ئۇلارنى سالامەت قىلغىن، ئۇلارنى ئەپۇ قىلغىن، جەننەتتىكى نىسىۋىسىنى ياخشى قىلغىن، قەبرىسىنى كەڭ قىلغىن. ئي ئاللاھ !دۇنيانىڭ هەممى جايلىرىدىكى مۇسۇلمان قىرىنداشلارنى مۇهاپىزەت قىلغىن. پەلەستىنىدىكى،ئىراقتىكى ۋە باشقا ئىزىلىۋاتقان قىرىنداشلىرىمىزغا چىقىش يولى بەرگىن. مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىنى بىرلەشتۇرگىن،

سىپىنى بىرلەشتۈرگىن، ئارىسىنى ئىسلاھ قىلغىن، قاراڭغۇ ـ زۇلمەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ ھىدايەت نۇرىغا باشلىغىن.

ئې ئاللاھ !سەن بىر، يەككە ـ يېگانىسەن، سەندىن باشقا ھېچقانداق ھەق ئىلاھ يوق، سىنىڭ كىشىلەرگە ھاجىتىڭ يوق، بىز سىنىڭ رەھمىتىڭگە ئىھتىياجلىق،بىزگە يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگىن، بىزنى ئۈمۈتسىز قويمىغىن. ئې ئاللاھ بىزگە يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگىن، ئې ئاللاھ بىزگە يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگىن، ئې ئاللاھ بىزگە يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگىن. ئې ئاللاھ شەھەرلەرنى، خەلقلەرنى، ھايۋاناتلارنى يامغۇر بىلەن سۇغارغىن، بىزنى ئۈمۈتسىزلەردىن قىلمىغىن، بىزنىڭ قىيىنچىلىقلىرىمىزنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگىن،بىزنىڭ قەلبىمىزنى ۋە شەھەرلىرىمىزنى ئۆز رەھمەتىڭ بىلەن سۇغارغىن. بىزگە رەھبەرلىك قىلىشۋاتقان يول باشچىمىزنى سەن رازى بولىدىغان ۋە ياخشى كورىدىغان ئىشقا مۇۋەپپەق قىلغىن، ياخشىلىق ۋە تەقۋالىققا يىتەكلىگىن،بارلىق مۇسۇلمان رەھبەرلەرنى، قۇرئان كەرىم ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننەتلىرى بىلەن، شەرىئەت بىلەن ھۆكۈم قىلىدىغان كىشىلەردىن قىلغىن. پەرۋەردىگارىمىز! بىز ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز زۇلۇم قىلدۇق،ئەگەر سەن بىزگە مەغپىرەت قىلمىساڭ،بىزگە رەھىم قىلمىساڭ،بىز چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىمىز ، پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە ۋە بىزدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان قېرىنداشلىرىمىزغا مەغپىرەت قىلغىن، دىللىرىمىزدا مۆمىنلەرگە قارشى دۈشمەنلىك پەيدا قىلمىغىن. پەرۋەردىگارىمىز! سەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىسەن، مېھرىبانسەن، پەرۋەردىگارىمىز!ئەگەر بىز ئۇنتۇساق ياكى خاتالاشساق(يەنى بىز ئۇنتۇش ياكى سەۋەنلىك سەۋەبىدىن ئەمرىڭنى تولۇق ئورۇنلىيالمىساق)،بىزنى جازاغا تارتمىغىن.پەرۋەردىگارىمىز!بىزدىن ئىلگىرىكىلەرگە يۈكلىگىنىڭگە ئوخشاش،بىزگە ئېغىر يۈك يۈكلىمىگىن(يەنى بىزنى قىيىن ئىشلارغا تەكلىپ قىلمىغىن)،پەرۋەردىگارىمىز!كۈچىمىز يەتمەيدىغان نەرسىنى بىزگە ئارتمىغىن،بىزنى كەچۈرگىن،بىزگە مەغپىرەت قىلغىن،بىزگە رەھىم قىلغىن،سەن بىزنىڭ ئىگىمىزسەن،كاپىر قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن، پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە دۇنيا ـ ئاخىرەتتە ياخشىلىق ئاتا قىلغىن. بىزنى دوزاخ ئازاۋىدىن ساقلىغىن.

ئې ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! ئاللاھ سىلەرنى ئادىللىق قىلىشقا،خەيرى ـ ئېھسان قىلىشقا، ئۇرۇق ـ تۇققانلارغا، پېقىر ـ مىسكىنلەرگە ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرىيدۇ، پاھىشە ئىشلاردىن ۋە چەكلەنگەن ئىشلارنى قىلىشتىن، ئىسلام ھاكىمىيتىگە قارشى چىقىشتىن توسىدۇ، سىلەرنىڭ نەسىھەت قوبۇل قىلىپ مەنپەئەت ئېلىشىڭلار سىلەرگە بۇنى ئەسلىتىپ ئوتىدۇ، سىلەر ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىڭلارغا ۋاپا قىلىڭلار، سىلەر قەسەمنى بېكىتكەندىن كىيىن بۇزىۋەتمەڭلار، ھەقىقەتەن سىلەر بۇ ئىشقا ئاللاھنى ۋەكىل قىلدىڭلار، ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئاللاھنى ئەسلەپ تۇرساڭلار ئاللاھمۇ سىلەرنى ئەسلەيدۇ، ئاللاھقا شۈكرى ئېيتساڭلار ئاللاھ سىلەرگە نېئمىتىنى زىيادە قىلىپ بىرىدۇ، ئاللاھنى يادئىتىش ئەڭ بۈيۈك ئىشتۇر، ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ.